ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى:

# نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغاندىن كېيىنكى تەبەسسۇم دەل كۈچلۈك قايتۇرما زەربىدۇر

يېقىندا، قىسمەن چەت ئەل كارخانىلىرى جۇڭگو شىنجاڭدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەسىلىسى مەۋجۇت دېگەننى باھانە قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن پاختا بۇيۇملىرىنى توستى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭ پاختىسىغا بوھتان چاپلىشى ۋە تۆھمەت قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

ھەممىگە مەلۇم، جۇڭگو شىنجاڭ پاختىسىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى پاختا ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ ئىمىنجان ئۈرۈمچى كەسپىي داشۆسى تاراتقۇ شۆبىۋەنى جەمئىيەت خىزمىتى كەسپىنىڭ 2020- يىللىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۆيى مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ چوڭقۇچاق يېزىسىدا، ئائىلىسى ئىزچىل پاختا تېرىپ كەلگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: ھەريىلى كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە، يۇرتىمىزدىكى پاختىلارنىڭ ھەممىسى ماشىنىدا يىغىۋېلىنىپ، نۇرغۇن ۋاقىت ۋە ئادەم كۈچى تېجەپ قېلىندى، يىغىۋېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. نەدىمۇ ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئېيتقان ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بار بولسۇن؟

بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئەمگەكچان، باتۇر مىللەت، ئەقىل - پاراسىتىمىز ۋە جاپالىق ئەجرىمىز ئارقىلىق پارلاق، شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلق ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ بۇ دۆلىتىنى گۈللەندۈردى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان تارىخىي ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بەختىنىڭ كۈرەش قىلىشتىن كېلىدىغانلىقىغا، ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشنى يارىتالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدا، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، يېزىلاردىكى 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چىقىندى، 35 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى. ھەر مىللەت خەلق يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدۇ، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايدۇ، تۇرالغۇ، مائارىپ، داۋالىنىشنىڭ ھەممىسى كاپالەتكە ئىگە، بەختلىك، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىغاندىن كېيىنكى تەبەسسۇمى دەل ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە!

كەسپىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىزنىڭ قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرۇشىمىزدىكى ئۈنۈملۈك يول. بىز ئەلا سۈپەتلىك مائارىپ بايلىقىدىن بەھرىمەن بولدۇق، دەرسخانىدا ئۆگىنىش قىلغاندىن باشقا، بىز كارخانىلارغا بېرىپ پراكتىكا قىلدۇق؛ ئەمەلىي مەشىققە قاتناشتۇق؛ يېزىلاردىكى ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ ئەمگەككە قاتنىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا مۇلازىمەت قىلدۇق. بارغانلا جايدا، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئەمگەك مەنزىرىسىنى كۆرگىلى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىۋاتقان چەكسىز قايناق ھېسسىياتىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى، كۆپچىلىك ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، بىرلىكتە گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇپ چىقماقتا. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» سېپى ئۆزىدىن يالغان - ياۋىداق سۆزلەر!

ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر پاكىت ئويدۇرۇپ چىقاردى، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشتۇر، ئۇلارنىڭ رەزىل غەرىزى ۋە رەزىل قىلمىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەردى، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى مۇقەررەر 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. بارلىق بوھتان ۋە يالغان - ياۋىداق سۆزلەر جەزمەن ئېچىپ تاشلىنىدۇ!

# ئۆز ئەمگىكىمگە ئۆزۈم ئىگە

□ شىنجاڭ ئىلى جوۋەن كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى سۈرىيە كۈرەش

مېنىڭ ئىسمىم سۈرىيە كۈرەش، شىنجاڭ ئىلى جوۋەن كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتىنىڭ بىر خىزمەتچىسى. يېقىندا، تېلېۋىزوردىن چېگرا سىرتىدىكى بىر قىسىم ماركىدىكى كارخانىلارنىڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نى باھانە قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسى ھەم ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى توسقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن غەزەپلەندىم، بۇ ھەقىقەتەن يوق يەردىن پۈتاق چىقارغانلىق! مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق چېگرا سىرتىدىكى بەزى تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» دېگەن يالغان - ياۋىداق سۆزنى ئېچىپ تاشلايمەن.

دادام كېسەل سەۋەبىدىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن، ئانام بىز ئۈچ بالىنىڭ تۇرمۇشىدىن يالغۇز خەۋەر ئالدى. ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا بىر قەدەر قىيىنچىلىق بار ئىدى، ھۆكۈمەت ئائىلىمىزگە نۇرغۇن ياردەم بەردى. مەن ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىمەن، ئائىلەمدىكىلەرمۇ ناھايىتى قوللايدۇ، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قەرز پۇلى ئارقىلىق داشۆدە ئوقۇدۇم، 2018- يىلى داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن كۆڭلۈمدە چوقۇم بىلىم ئارقىلىق تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىش، ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا بەل باغلىدىم.

2019 - يىلى 8- ئايدا، ئىلى جوۋەن كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى شىركىتى يېزىمىزغا بېرىپ خىزمەتچى تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئاچتى، مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن تەكلىپ قىلىشقا تىزىملاتتىم. مېنىڭ ئوقۇش تارىخىم بولغاچقا، يۈزتۇرا ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، شىركەت مېنى كادىرلار ئىشلىرى ئىش ئورنىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدىم. خىزمەت جەريانىدا، مەن نۇرغۇن كەسپىي ماھارەتنى ئۆگىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈم.

شىركىتىمىزنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى قېلىپلاشقان بولۇپ، بارلىق ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرى دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بىزنىڭ كۈندىلىك خىزمەت ۋاقتىمىز ۋە خىزمەت قىلىش - دەم ئېلىش تۈزۈمىمىزنىڭ ھەممىسى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، ھەر ئايدا مائاش ۋاقتىدا تارقىتىلىدۇ، ئەزەلدىن كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. شىركەت يەنە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق «بەش خىل سۇغۇرتا»نى تاپشۇردى. ھەر قېتىم زاۋۇتتىكى يۇرتداشلار ۋە ئىشداشلارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە مەن تولىمۇ سۆيۈنىمەن. مەن ئاساسلىقى شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىش ۋە يوقلىما قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل، ھەر ئايدا شىركەت يەنە ماڭا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى باھالاش نەتىجىسىگە ئاساسەن مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تاللاتقۇزۇپ، ئۇلارنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلايدۇ. مەن مۇكاپات بۇيۇمىنى مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇلار ناھايىتى خۇشال بولىدۇ، مەنمۇ چىن كۆڭلۈمدىن خۇشال بولىمەن.

شىركەت رەھبەرلىرى ۋە ئىشداشلار ماڭا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، مېنىڭ ئۆيۈم شىركەتتىن يىراقراق بولغاچقا، شىركەت يەنە مېنى يالغۇز كىشىلىك ياتاق بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر مېنىڭ ئايلىق مائاشىم خىزمەتكە قاتناشقان چاغدىكى 3500 يۈەندىن 4200 يۈەنگە ئۆستى. مەن بۇنى تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن، مەن ئاخىر ئوقۇش پۈتكۈزگەن چاغدىكى ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. شىركەتكە كېلىپ ئىشلەشتىن بۇرۇن، پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە تايىناتتى. ھازىر، مېنىڭ مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، ئانامغا ياخشى كۆرىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ بېرەلەيدىغان، ئائىلىمىزگە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تولۇقلاپ ئالالايدىغان بولدۇم. بۇ يىل «8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىدا، شىركەت يەنە مېنى بىر كىرئالغۇ بىلەن مۇكاپاتلىدى.

يېقىندىن بۇيان، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى شىنجاڭدا «كەڭ كۆلەمدە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئەھۋالى مەۋجۇت» دەپ بىلجىرلىدى، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن! مەن ۋە يۇرتداشلىرىم، دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەشنى تاللىدۇق، بۇ قانداقمۇ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بولسۇن؟ بىز ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ ئۆزىمىزنى باقتۇق، ئائىلىمىزنى قامدىدۇق، تۇرمۇش شارائىتىمىز ياخشىلاندى، بۇ قانداقمۇ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بولسۇن؟ بىز زاۋۇتتا خىزمەت قىلىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا ھېچقانداق كەمسىتىشكە ئۇچرىمىدۇق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش قاتارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىمىزگە ئەڭ زور دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىندى، بۇ قانداقمۇ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» بولسۇن؟

ئامېرىكا ۋە غەربتىكى بىرقىسىم سىياسەتۋازلار ۋە كارخانىلار ئاساسىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشى، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا بوھتان چاپلاش، قارا چاپلاشنى توختىتىشى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، گۈللىنىشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشنى توختىتىشى كېرەك! بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەن - كەچۈرمىگەنلىكىمىز توغرىسىدا بىز ئۆزىمىز ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن يۇقىرى ئاۋازدا شۇنداق دەيمەنكى: ئۆز ئەمگىكىمگە ئۆزۈم ئىگە، بىز ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتىمىز!

شايار ناھىيەسى تارىم يېزىسىدىكى پاختىكار كېرەم راخمان:

# ئاپئاق، نۇقسانسىز شىنجاڭ پاختىسىغا داغ تەگكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ

مېنىڭ ئىسمىم كېرەم راخمان، ئۇيغۇر، بۇ يىل 38 ياش، شىنجاڭلىق بىر ئادەتتىكى پاختىكار. مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق، يېقىندا بىر قىسىم خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىش ۋە پاختا يىغىشىغا قارا چاپلاپ، «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دېگەن يالغان - ياۋىداق سۆزىگە ئىنكاس قايتۇرىمەن!

شايار ناھىيەسىنىڭ سۇ، تۇپراق شارائىتى كېۋەز تېرىشقا ناھايىتى ماس كېلىدۇ، پاختا بىزنىڭ بېيىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم كەسىپ. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن كەنتتە باشلامچىلىق بىلەن كېۋەز تېرىشنى باشلىدىم. پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەن ھەر يىلى ناھىيە تەشكىللىگەن كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىپ، تېخنىك خادىملاردىن تېرىش ئۇسۇلىنى ئۆگەندىم، يەنە كېۋەز تېرىشقا دائىر نۇرغۇن كىتاب سېتىۋالدىم. بوشىماي تىرىشىش ئارقىلىق، مەن تېرىغان كېۋەزنىڭ مو بېشى ھوسۇلى دەسلەپكى 180 كىلوگرامدىن ھازىرقى 320 كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتتى؛ تېرىش كۆلىمىم دەسلەپكى 130 مودىن ھازىرقى 220 مودىن كۆپرەككە كېڭىيىپ، كىرىمىم بارغانسېرى ئاشتى.

كېيىن، كەنتتە ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش شەكلى كېڭەيتىلىشكە باشلىدى. مەن تېخنىكلاردىن ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغقاندا سۈپەت ياخشى، مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، پاختا يىغىش سۈرئىتى تېز بولۇپلا قالماي، يەنە ئادەم كۈچى ئارقىلىق پاختا يىغقاندا كېتىدىغان خىراجەتنىمۇ تېجەپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. تېخنىك خادىملار ماڭا بىر ھېسابات قىلىپ بەردى، ئائىلەمنىڭ 200 نەچچە مو يېرى بويىچە ھېسابلىساق، ھەممىسىنى ئادەم كۈچىگە تايىنىپ تەرگەندە، نەچچە كۈندە ئاران يىغىپ بولغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭغا 150 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئىش ھەققى كېتىدىكەن. ئەگەر ماشىنا ئارقىلىق يىغقاندا، بىر كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىتتىلا يىغىپ بولغىلى بولىدىكەن، پاختا يىغىش ماشىنىسىنى ھەيدىگەن ئۇستامىنىڭ ئىش ھەققىگە پەقەت 40 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا پۇل كېتىدىكەن. مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ ماشىنا ئارقىلىق يىغىشقا بىرقەدەر ماس كېلىدىغان 180 نەچچە مو يېرىگە ماشىنا ئارقىلىق يىغىلىدىغان كېۋەزنى تېرىشنى قارار قىلدىم.

ھەر قېتىمقى پاختا يىغىش پەسلىدە، پاختا تەرگۈچىلەر يېتىشمەي قالىدۇ، بۇنىڭغا ئۆيىدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان يۇرتداشلار قاتنىشىپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن باشقا يۇرتلۇق كىشىلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ. 2020 - يىلى، ئائىلىمىزنىڭ كېۋەزلىرى ئېچىلغاندىن كېيىن، ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغىدىغان بىر ئۇستام بىلەن ئالاقىلەشتىم، يەنە 22 ئادەمنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق پاختا يىغىشقا تەكلىپ قىلدىم. ماشىنا ئارقىلىق پاختا يىغىشتا پاختىنىڭ ھەر موسى ئۈچۈن 200 يۈەندىن ئىش ھەققى بەردىم، قولدا تەرگەن پاختىنىڭ ھەر كىلوگرامى ئۈچۈن 2.5 يۈەندىن ئىش ھەققى بەردىم. ئۇلار مېنىڭ يېرىمدە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى ھەقسىز تاماق، ياتاق ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىدىم. پاختىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، مەن بارلىق ھېسابنى بىر قېتىمدىلا ئۈزۈپ بولدۇم. مەن بەرگەن ھەق يۇقىرى، ئەتكەن تاماقلار يېيىشلىك، تەمىنلەنگەن ياتاقلارمۇ ئازادە بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر يەنە بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ پاختا تېرىشنى خالايدۇ. ھەر يىلى كېۋەز ئېچىلاي دېگەندە، بەزىلەر يەنە مەن بىلەن ئالدىن ئالاقىلىشىپ، پاختا تەرگەندە ئۆزىنى چاقىرىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمنى تاپىلايدۇ. ئۆزۈمنىڭ جاپالىق ئەمگىكىم ئارقىلىق كىرىمىم بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر، مەن يەنە 150 قوي باقتىم، يەنە بىر چوڭ تىپتىكى تراكتور ۋە بىر قېزىش ماشىنىسى سېتىۋالدىم، كۈنلىرىم تېخىمۇ ئۈمىدكە تولدى!

يېقىندا، بىر قىسىم چەت ئەل كىيىم - كېچەك شىركەتلىرى بىزنىڭ پاختىمىزغا بوھتان چاپلىدى، ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىپ» پاختا تەرگۈزۈش توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنىڭ ھېچقانداق پاكىت ئاساسى يوق، بۇ بەك بىمەنە، كۈلكىلىك! بۇ شىركەتلەرنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرى ۋە پىتنە - ئىغۋالىرىغا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز! سىلەر بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ تامىقىنى يەپ، بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ قاچىسىنى چاقمەن، دەپ خام خىيال قىلماڭلار!

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە ھەركۈنى ئامبارغا تەخمىنەن 5000 توننا پاختا كىرگۈزۈلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، مارالبېشى ناھىيەسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم پاختا يىغىش - تارقىتىش ئورنىغا ئايلىنىپ، «مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا زاپاس ساقلاش ئامبىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. 58 ياشلىق ئەلى ئەمەتنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىلا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پاختىلىرى مارالبېشى ناھىيەسىگە توپلىنىشقا باشلىغان ئىكەن. بۇ يەر پاختا كۆپ چىقىدىغان ناھىيە بولۇپلا قالماي، جۇغراپىيەلىك رايون ئەۋزەللىكىمۇ ئىنتايىن گەۋدىلىك، زامانىۋى قاتناش شارائىتى قولايلىق. پاختا - چىگە پونكىتى مارالبېشى - يەكەن تاشيولىغا يېقىن بولۇپ، يېقىن ئەتراپىدىلا مارالبېشى ۋوگزالى بار ئىدى، ئىككى زامانىۋى پاختا توشۇش تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەسى ئامبار رايونىچە ئۇزارتىلغانىدى.

بۇ كۈنى، ھەيدەپ كىرىلگەن مەخسۇس يۈك پويىزىدا 36 ۋاگون بار بولۇپ، ۋۇ جيالىن، غېنى قۇۋان قاتارلىق 16 نەپەر قاچىلاش، چۈشۈرۈش ئىشچىسى مال ئەۋەتىش تالونىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسىنى ھەيدەپ تەڭلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەشغۇلات قىلىشى بىلەن يۆتكەش - توشۇش ماشىنىسى ئەپچىللىك بىلەن 200 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئېغىرلىقتىكى تايلانغان پاختىنى ۋاگونغا «كۆتۈرۈپ» ئېلىپ كىردى. ۋاگوننىڭ ھەممىسى لىق توشقاندىن كېيىن، بۇ نۆۋەتچى پويىز جياڭسۇ يەنچېڭ شىمالىي ۋوگزالىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

«ئەڭ دەسلەپتە، پاختا - چىگە پونكىتىمىز بىر يىلدا 50 - 60 مىڭ توننىلا پاختا يىغىپ ساقلايتتى، ئەڭ ئېغىر تايلانغان پاختا 80 كىلوگرام كېلەتتى، قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئەترىتىدە 80 ئادەم بار ئىدى. كېيىن، يىغىۋېلىنغان زاپاس مىقدارى 100 مىڭ توننا، 200 مىڭ توننا، 300 مىڭ توننىغا يەتتى... ھەرخىل قاچىلاش - چۈشۈرۈش ماشىنىلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. گەرچە پاختا كۆپەيگەن، تايلانغان پاختا ئېغىرلىغان بولسىمۇ، لېكىن قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشچىلىرى ئازايدى.» بىر چاسا شەكىللىك تايلانغان پاختىغا قاراپ، غېنى قۇۋان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پاختا كەسپىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىر ياندىن نۇقتىدىن بايان قىلدى.

غېنى قۇۋان مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزىسى ئارالئىقا كەنتىدىن كەلگەن. ھازىر ئۇ ماھىرلىق بىلەن بىر كۈندە تۆت ۋاگونغا مال قاچىلىيالايدۇ، يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە بىر ئايدا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايدۇ. كېۋەز تېرىمىسىمۇ، پاختىچىلىق كەسپى ئوخشاشلا غېنى قۇۋانغا پايدا ئېلىپ كەلدى، خوتۇنى زۇبەيدە تۇراقمۇ پاختا - چىگە پونكىتىغا كېلىپ، تايلاش ئىشچىسى بولدى.

«شىنجاڭ پاختىسىنىڭ تالاسى ئۇزۇن، يۇمشاقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، بىزنىڭ يۇرتتا، كىمنىڭ ئوغلى ئۆيلەنسە، شىنجاڭنىڭ پاختىسىدىن تور پاختا قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن ئاسانلىقچە سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن شىنجاڭغا كېلىپ پاختا توشۇۋاتقىلى ئون نەچچە يىل بولدى، ھەممىسى پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ زاكازى» دېدى ئەنخۇي بېڭبۇدىن كەلگەن يۈك ئاپتوموبىل شوپۇرى جۇ جيې. بىر ھەپتە ئىلگىرى، ئۇ شاڭخەيدىن بىر تۈركۈم ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەنىدى، قايتىدىغان چاغدا ئۇ ھەرگىز قۇرۇق قايتمىدى، ئاپتوموبىلىنىڭ 17.5 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كوزۇپىغا 31.5 توننا پاختا قاچىلاپ توشۇيالايتتى.

تايلانغان پاختا لىق قاچىلانغان پويىز، ئاپتوموبىللار مارالبېشى پاختا - چىگە پونكىتىدىن ئاستا - ئاستا چىقتى، بۇ، ساپ پاختىنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى كۆرۈنۈشى. كۈزنىڭ ئاخىرى، قىشنىڭ باشلىرىدىكى مەنزىرە تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ، پاختا توشۇيدىغان ئاپتوموبىل ھەركۈنى 200 ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەلى ئەمەت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: مارالبېشى پاختا - چىگە پونكىتىنىڭ كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىش بىلەن بىللە، قاتتىق دېتال ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىندى. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، پاختا - چىگە پونكىتى جېڭجوۋ تاۋار سودا ئورنىنىڭ قەرەللىك مال ئامبىرى سالاھىيىتىنى پائال ئىلتىماس قىلىدۇ ھەم ئۇچۇرلاشقان باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئامبار رايونىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىكى شارائىتىنىڭ پاختىنىڭ بەلگىلەنگەن قەرەللىك مال تاپشۇرۇش ئامبىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالايدىغان بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

«شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز تۆمۈريول ئامباردا ساقلاش مەخسۇس لىنىيەسى، ئامباردا ساقلاش ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەككە ھالدا پاختىنى ئامباردا ساقلاشتىن زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت كارخانىسى يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلىق ھەمراھى ئىزدەپ، يېڭى پايدا ئاشۇرۇش نۇقتىسىنى پائال يارىتىمىز» دېدى ئېلى ئەمەت.

مارالبېشى ناھىيەسى رۇنجىن ئامباردا ساقلاش چەكلىك شىركىتىنىڭ پاختا ئامبىرى مارالبېشى پاختا - چىگە پونكىتىغا يانداشتۇرۇلىدۇ. شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە توختالغاندا، مارالبېشى ناھىيەسى رۇنجىن ئامباردا ساقلاش چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چيەن چىنجيەن ئىشەنچكە تولدى. 2010 - يىلى جېجياڭ ۋېنجوۋدىن كەلگەن چيەن چىنجيەن بىلەن ئۇنىڭ تاغىسى شىنجاڭدا ئارقا - ئارقىدىن يەتتە چىگىت ئايرىش زاۋۇتى قۇردى، پاختىنى ئامبارغا كىرگۈزۈشتىكى جىددىي مەنزىرە ئۇنىڭغا يېڭى سودا پۇرسىتىنى ھېس قىلدۇردى، 2013 - يىلىلا ئۇ پاختا ئامبىرى قۇرۇشقا باشلىغانىدى.

«زامانىۋىلاشقان ساقلاش ئامبىرى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، چىگىت ئايرىش زاۋۇتىدا پىششىقلانغان پاختىنى كەلگەن ھامان چۈشۈرۈۋالىدۇ، خېرىدارلار پاختا سودا سۈپىتى ئارقىلىق پاختىنىڭ ساپ ئېغىرلىقى، ماكلون قىممىتى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى كۆرەلەيدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا زاكاز چۈشۈرۈپ مال ئالالايدۇ.» چيەن چىنجيەن مۇنداق دېدى: «شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭ پاختىسىنىڭ ئىستىقبالى بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ».